# جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاۋشيەندە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغانلىقىدىن خاتىرە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىن يولداش، سەممىي دوست. ئىككى دۆلەت دوستلۇقى خەلقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

ئايروپورتتىن تۇرارجايغىچە بولغان 27 كىلومېتىر يولدا، 250 مىڭدىن ئارتۇق ھەر ساھە چاۋشيەن ئاممىسى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى ئالدى. 21 ھۆرمەت موتوسىكلىتى قوغداپ ماڭدى، كوچىلاردىكى چىملىقنىڭ گىرۋەكلىرى، بىنالارنىڭ بالكونلىرى قىزغىن خەلق ئاممىسى بىلەن تولۇپ كەتتى. كۆركەم دۆلەت بايراقلىرى، دەستە ـ دەستە رەڭگارەڭ گۈللەر «چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقى»غا قىلىنغان تەنتەنە ساداسىغا ئەگىشىپ دولقۇنلىنىپ تۇراتتى.

پىكراڭ كوچىلىرىدىن پائالىيەت سورۇنلىرىغىچە، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان قىزىل لوزۇنكىلار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى يولداش شى جىنپىڭنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!» «ئىسسىق قان بىلەن يۇغۇرۇلغان چاۋشيەن ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يىمىرىلمەس دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ياشىسۇن!»

يەنە بىر ھالقا كۆڭۈل قويغانلىقنى نامايان قىلىپ بەردى ——

باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن مەخسۇس پىكراڭ لىمىڭ چوڭ كوچىسى ئېغىزىدا ئۈستى ئوچۇق ئاپتوموبىلغا ئالمىشىپ، ئاستا ماڭغان ئۈستى ئوچۇق ئاپتوموبىلدا ئۆرە تۇرۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان چاۋشيەن خەلق ئاممىسىغا قول پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى، تەنتەنە سادالىرى پىكراڭ ئاسمىنىدا ياڭرىدى. ئاپتوموبىل جىنشيۇشەن تەيياڭگۇڭ مەيدانىغا كەلگەندە، بايراملىق مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيگەن ئاما ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ چاۋشيەن پارتىيەسى، ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە پىكراڭ شەھەر ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

بىر ئورۇنلاشتۇرۇش ئالاھىدە دوستلۇقنى ئىپادىلىدى ——

رەڭدار ساليۇتلار ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى يورۇتتى، ئويناقشىپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان فونتان ئوخشاش بولمىغان رەڭدە ئۆزگىرىپ تۇراتتى. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچتە، داتۇڭ دەرياسىدىكى لىڭلو ئارىلىغا جايلاشقان «1 ـ ماي» تەنتەربىيە مەيدانىدا رەڭدار چىراغ نۇرلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. 150 مىڭ تاماشىبىن، نەچچە ئون مىڭ ئارتىس، گىمناستىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، سىرك قاتارلىق كۆپ خىل ئويۇن شەكىللىرى... بىر مەيدان كۆڭۈل قويۇپ ئىجاد قىلىنغان چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ گىمناستىكا ۋە سەنئەت نومۇرلىرى «چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ ياشناپ تۇرۇشى»دىكى يېڭى داستانغا ئايلاندى.

بۇ، چاۋشيەندىكى ئۈچ چوڭ ئوركېستىر —— دۆلەتلىك سىمفونىيە ئوركېستىرى، تۆھپىكار خور ئۆمىكى، سەنچيۈەن سىمفونىيە ئوركېستىرىنىڭ تۇنجى قېتىم بىللە ئويۇن قويۇشى ھېسابلىنىدۇ. «چاڭجياڭ ناخشىسى» «كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى» «ۋەتەننى كۈيلەيمىز» «ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي» «ئۈمىدلىك دالىدا» «سىزگە ئامانلىق تىلەيمىز»... تونۇش رىتىم كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «سىزنى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلەلمىدىم» دېگەن ناخشىدا دەل باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خۇايۈەن ناھىيەسى شىباڭ كەنتىنى زىيارەت قىلغانلىق ھېكايىسى سۆزلەنگەنىدى. كۆڭۈل قويۇپ تەييارلانغان ئۆزگىچە نومۇرلاردىن تارالغىنى قىزغىنلىق، نامايان قىلىنغىنى ھۆرمەت ئىدى.

«مېنىڭ زىيارىتىمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يولداش كومىتېت باشلىقى ھەم كۆڭۈل قويۇپسىز، ھەم ئەجىر سىڭدۈرۈپسىز» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ زىيارەت مەزگىلىدە كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېنغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ.

كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن مۇنداق قارىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاۋشيەندە زىيارەتتە بولغانلىقى چاۋشيەن پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام ۋە سىياسىي مەدەت بولۇپ، چاۋشيەن ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى تارىخىدا مۇھىم، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرى قاتلاملىقلار ئالاقىسى جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىدە تارىختىن بۇيان ئەڭ مۇھىم يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.

بېيجىڭ دياۋيۈتەي دۆلەت مېھمانسارىيىدا بىرلىكتە خۇش پۇراق چاي ئىچىش، دالىيەن باڭچۇي ئارىلى مېھمانسارىيىدا دېڭىز بويىدا سەيلە قىلىش... ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن تۆت قېتىم ئۇچرىشىپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

«مەن بۇ قېتىم چاۋشيەندە زىيارەتتە بولۇشتا، جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەش، جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن كەلدىم، كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى، يېڭى ئىستراتېگىيەلىك لۇشيەننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى قوللاش ئۈچۈن كەلدىم، يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇش، رايوننىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم».

يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرى يەنە بىر قېتىم قول ئېلىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى مەزگىلدىكى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

### ■ قىممەتلىك بايلىق: ئەنئەنىۋى دوستلۇق ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتە، جىنشيۇشەن مەرھابا مېھمانسارىيى، قۇياش پارلاپ تۇراتتى، ئوت ـ چۆپلەر ياپيېشىل ئىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن بىرلىكتە قورۇدا سەيلە قىلغاچ پاراڭلاشتى.

كېيىنكى كۆرۈشۈشتە، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئىككى تەرەپ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: زىيارەت جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىغا 70 يىل بولغان مۇشۇنداق مۇھىم يىلدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزئارا زىيارەتتە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى، شۇنداقلا قىسقىغىنا 15 ئاي ئىچىدە ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ 5 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ جانلىق نامايەندىسى.

ھەر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەمىشە جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى تىلغا ئالدى.

مەڭگۈ ئەستە ساقلىنىدىغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ھېكايىسى: 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇنى رەئىس جىن رىچېڭ ئەينى يىلى دياۋيۈتەي دۆلەت مېھمانسارىيىدا تىككەن بىر تۈپ ئارچىنى كۆرۈشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: چاۋشيەن بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇقى خۇددى مۇشۇ دەرەختەك ئوخشاش، تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، تۆت پەسىل ياشىرىپ تۇرىدۇ.

بۇ قېتىمقى پىكراڭ سەپىرىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى روشەن ھەم قەتئىي بولدى.

پىكراڭدىكى مۇلەن سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش زىياپىتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قىلدى: «ئىككى تەرەپنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلىپ، بىزگە ئورتاق قىممەتلىك بايلىق قالدۇردى. گەرچە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولغان، ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقى ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.»

«ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مۇستەھكەملىنىدىغان دوستلۇقنى ئالتۇنغىمۇ تېگىشكىلى بولمايدۇ.» جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ 70 يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تۆت تەجرىبىنى يەكۈنلىدى:

—— كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتتە چىڭ تۇرۇش جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى؛

—— ئورتاق غايە ـ ئېتىقاد ۋە كۆرەش نىشانى جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى؛

—— ئەڭ ئالىي رەھبەرلەرنىڭ دوستلۇققا ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېتەكلىشى جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى؛

—— جۇغراپىيەلىك ئورنى يېقىن ۋە مەدەنىيىتى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇش جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ مۇستەھكەم تۈگۈنى.

كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن جاۋابەن مۇنداق دېدى: «مەن يولداش باش شۇجىنىڭ چاۋشيەن ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى چوڭقۇر تەھلىلى ۋە كەلگۈسى نەزەردە تۇتۇلغان يىرىك پىلانىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. چاۋشيەن ـ جۇڭگو دوستلۇقىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان مەيدانى».

تارىخنى ئەسلەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق؛ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەش.

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەخسۇس ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇق مۇنارىنى يوقلاپ، پىدائىي قىسىمدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنى چوڭقۇر ياد ئەتتى، كېيىنكىلەرنى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

مۇنار ئىچىدىكى خاتىرە سارايى زالى مەركىزىدە، ئېغىرلىقى بىر توننا كېلىدىغان مەرمەر تاش تەگلىكتە ئون پارچە پىدائىي قىسىمدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىسىملىكى ساقلانغانىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ تىزىملىكنى تەپسىلىي ۋاراقلاپ ئوقۇپ چىقتى، چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. چاۋشيەنگە كىرىپ ئۇرۇش قىلىش، مۈرنى مۈرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇشتىن كېيىن قايتا قۇرۇش، ئۈچ پارچە رەڭلىك تارىخىي داستان تام رەسىمى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق كۆرەش قىلغانلىقىدەك ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىنى ئويغىتاتتى.

خۇاڭ جىگۇاڭ، چيۇ شاۋيۈن، ياڭ گېنسى، لو شېڭجياۋ... باش شۇجى شى جىنپىڭ قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ چىقىپ، كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېنغا ئۇلارنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىپ بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى 70 ـ يىلىغا قەدەم قويدى. 70 يىل بوران ـ چاپقۇنلۇق سەپەر، 70 يىل جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش. مەيلى سىرتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا بولسۇن، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى دۆلەت خەلقلىرى بىر ـ بىرىگە ئىشەندى، ئۆزئارا قوللىدى، ئۆزئارا ياردەم بەردى.

بۇ قېتىمقى زىيارەتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشقا بىردەك قوشۇلدى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي مەزگىلگە قەدەم قويدى.

بۇ قېتىم چاۋشيەندە زىيارەتتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چاۋشيەننىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەلىك لۇشيەننى يولغا قويۇشنى قوللايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى: «بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن باشچىلىقىدىكى چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا مۇقەررەر ھالدا يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈلىدۇ».

### ■ قەتئىي ئىرادە: رايون تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى قوغدالدى

«بىز ۋەزىيەت يۈزلىنىشىنى ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىك ۋە يىراق كەلگۈسى نۇقتىسىدىن توغرا ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە يېرىم ئارال تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك».

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جىنشيۇشەن مەرھابا مېھمانسارىيى 1 ـ بىناسىنىڭ سۆھبەت زالى. باش شۇجى شى جىنپىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن بىلەن 100 مىنۇتقا سوزۇلغان سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، يېرىم ئارال مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇش جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئالاقىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئەڭگۈشتەر. ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن يېرىم ئارال ۋەزىيىتى توغرىسىدا ئىزچىل قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى.

بۇلتۇردىن بۇيان، مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، يېرىم ئارال مەسىلىسى قايتىدىن سۆزلىشىپ، كېڭىشىپ ھەل قىلىشتەك توغرا يولغا قايتىپ، يېرىم ئارال ۋەزىيىتى تىنچلىق، مۇقىملىق يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. لېكىن چاۋشيەن ـ ئامېرىكا رەھبەرلىرى خانوي ئۇچرىشىشىدىن كېيىن، يېرىم ئارال مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇساپىسىدە يېڭى ئەھۋال كۆرۈلۈپ، ئېنىقسىز ئامىللار بىر ئاز ئۆرلىدى.

يېرىم ئارال تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىغۇچى، سۆزلىشىش، سۆھبەتلىشىشكە تۈرتكە بولغۇچى، ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۆھپە قوشقۇچى —— يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدە، جۇڭگو مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلگىرى تۆت «قوللاش» ئارقىلىق مەيداننى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «چاۋشيەن تەرەپنىڭ يېرىم ئارالنى يادرو قورالدىن خالىيلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىنى قوللايمىز» «شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ مۇناسىۋەتنى سىجىل ياخشىلىشىنى قوللايمىز» «چاۋشيەن بىلەن ئامېرىكىنىڭ باشلىقلار ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈشنى ھەم نەتىجىگە ئېرىشىشىنى قوللايمىز» «مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇۋاپىق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىنى سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشىنى قوللايمىز».

چاۋشيەندە زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنە مۇنداق تەكىتلىدى:

«بىز بىردەك يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش كىشىلەر قەلبىنىڭ ئىنتىلىشى، چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى دەپ قارايمىز، تىنچلىق سۆھبىتى بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، رايون، ھەتتا دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك، دەپ قارايدۇق».

«جۇڭگو تەرەپ يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شارائىت تۇپلاش ۋە ھازىرلاشنى قوللايدۇ».

«جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەن تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ مۇۋاپىق خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىدىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ، چاۋشيەن تەرەپ ھەم مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يېرىم ئارالنى يادرو قورالدىن خالىيلاشتۇرۇش ۋە رايوننىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال ئىجابىي رول ئويناشنى خالايدۇ».

كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن مۇنداق دېدى: «چاۋشيەن تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يېرىم ئارال مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇساپىسىدە ئوينىغان مۇھىم رولىغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ، داۋاملىق تۈردە جۇڭگو تەرەپ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ تۈرتكە بولۇپ، يېرىم ئارالنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشنى خالايدۇ».

دەل مۇشۇ پەيتتە، يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسۈپ، دەل ـ دەرەخلەر ئاينىپ، ھەممىلا يەر ياپيېشىللىققا پۈركەلگەنىدى. **(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شى جىنپىڭ ئىرېلاندىيە زۇڭتۇڭى خىگگىنس بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى. 2014 ـ يىلى زۇڭتۇڭ خىگگىنس جۇڭگوغا كېلىپ دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى، بىز چوڭقۇر، دوستانە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ ئىرېلاندىيە مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى يىرىك پىلانىنى تۈزدۇق. مەن جۇڭگو ـ ئىرېلاندىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ خىگگىنس بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ئىرېلاندىيەنىڭ ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

خىگگىنس تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىرېلاندىيە بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 40 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقى كۆلىنى چوڭقۇرلاشتى. ئىرېلاندىيە تەرەپ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ قېزىپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداش قاتارلىق يەرشارىۋى ئىشلاردىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىرېلاندىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ ئىرېلاندىيە زۇڭلىسى ۋارادكار بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: جۇڭگو تەرەپ ئىرېلاندىيە تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو بىلەن ئىرېلاندىيەنىڭ ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. ۋارادكار تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەرشارىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىرېلاندىيە تەرەپ داۋاملىق ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ئىرېلاندىيە ـ جۇڭگونىڭ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدۇ.

### سارقىت ئاقان ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى

# پەرقلەرنى تېپىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرلىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر، لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سارقىت ئاقان ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ، 2 ـ ئىشچىلار ساناتورىيەسى، ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى مەكتىپىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى ھەم ھەرقايسى ئورۇنلار قانداق قىلغاندا رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار توغرىسىدا بىر قىسىم كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى.

نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە سۆھبەتلىشىشتىن كېيىن، سارقىت ئاقان مېخانىزمنى ياخشى ئورنىتىش، تۈزۈمنى ياخشى بېكىتىش، باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش، مۇلازىمەتنى ياخشى تۇتۇش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق بەش جەھەتتىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش يۆنىلىشىگە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سارقىت ئاقان مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ساناتورىيەنى ئەمگەك روھى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش تەربىيە بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ساناتورىيەسىنىڭ رولىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، «سىياسىيونلار گېزىت چىقىرىش» ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، بازا ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، گېزىت چىقىرىش خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك، قېلىپلىشىپ يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، يۇقىرى ساپالىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، بايلىقنى بىرىكتۈرۈپ، ئەۋزەللىكلەرنى ئۆزئارا تولۇقلاپ، مۇلازىمەتنى كېڭەيتىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.